# تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىش يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۇل مۇئامىلە مەبلىغىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇشقا سېلىنىشىنى كۆپەيتىش، جەمئىيەت مەبلىغىنى نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇشقا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش؛ نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى كەڭ دائىرىدە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىنىڭ پۇختا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنىڭ ھەقىقىي بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ئەمەلىيەت ۋە تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىش كېرەك؛ نامراتلارنى يۆلەشنى ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نامرات ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاش كېرەك؛ قول تۇتۇشۇپ، نامراتلىق بولمىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق قۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلايلى؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك، بۇ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك يۆتكىلىشىدۇر... پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، بىر قاتار يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىر قاتار يېڭى تەدبىر، يېڭى ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چىقاردى، جۇڭگونىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش ئىشلىرىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، دۇنيانىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش مۇساپىسىگە مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.

لىيۇپەنشەن تاغلىق رايونى، چىنباشەن تاغلىق رايونى، ۋۇلىڭشەن تاغلىق رايونى، ۋۇمېڭشەن تاغلىق رايونى، دابېيشەن تاغلىق رايونى... باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ زېھنىنى ئەڭ كۆپ سەرپ قىلغىنى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بولدى، ئەڭ كۆپ تەكشۈرگىنى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغىنى نامرات رايونلار بولدى. باش شۇجىنىڭ ھارماس قەدەملىرى مەركەزلىك تۇتاش كەتكەن ئالاھىدە نامرات 14 رايوننىڭ تاغ ـ دەريالىرىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇردى؛ باش شۇجىنىڭ سەمىمىي مۇھەببىتى ھەربىر نامرات ئاممىنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ئىللىتتى.

«نامراتلارنى يۆلەش باشتىن ـ ئاخىر خىزمىتىمنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولدى، بۇنىڭغا سەرپ قىلغان زېھنىم ئەڭ كۆپ بولدى» «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەن قەلبىمگە ئەڭ كۆپ پۈككەن بىر چوڭ ئىش» «مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئەڭ كۆپ ئويلايدىغىنىم يەنىلا قىيىنچىلىقى بار ئامما»... باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چوڭقۇر مۇھەببەتلىك سۆزلىرىدە جۇلالىنىپ تۇرغىنى خەلق داھىيسىنىڭ خەلققە بولغان ساپ قەلبى، نامايان بولغىنى 100 يىللىق چوڭ پارتىيەنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى!

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇھىم، زور غەلىبىسى بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئاشۇردى، نامرات رايونلارنىڭ قىياپىتىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتتى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى، ئاممىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈردى، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. «بىز يەنە قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيدىغان چىدامچانلىق بىلەن پۇختا، ئەستايىدىل ھالدا غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ھەيۋەتلىك گۈزەل يۆگەمە رەسىمىنى تىرىشىپ سىزىپ، ئورتاق بېيىش نىشانىغا قاراپ پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك».

ماقالىدە مۇنداق دېيىلدى: «سۇمۇرغ ئۈچار ھامان بىر كۈن شوخ شامالغا جور بولۇپ، پەرۋاز قىلار ئاسماندا ھەيۋەت بىلەن قانات قېقىپ.» بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنى. 100 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئەسلىي مەقسىتىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش بۇرچىدا چىڭ تۇرۇپ، جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلاردىن قورقماي، قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشتىن قورقماي، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويدى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۆتۈۋالدى.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: 100 يىللىق مۇساپە قاينام ـ تاشقىنلىققا تولدى، 100 يىللىق ئەسلىي مەقسەت ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملەندى. «ئىككى 100 يىل»نىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلاندى. مۇشۇ پەيتتە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەمىمىي ئۈمىدىنى ئەستە چىڭ ساقلايلى ——

«ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈرەش تارىخى، يېڭى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات تارىخى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيلىك تارىخىدا ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز جەزمەن شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بۇ پەقەت بىزنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە ئاتلىنىشىمىزدىكى ئاچقۇچلۇق بىر قەدەم، بىز مەغرۇرلىنىپ ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىپ قالساق، بىر ئىزدا توختاپ قالساق قەتئىي بولمايدۇ، داۋاملىق كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، داۋاملىق جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئېلىشىشىمىز، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئالىيجاناب ئىشلار ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك!»

يول ئۇزۇن، كۈرەش داۋاملىشىدۇ. بىز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ ئۆتتۇق. بىز يەنە داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا يەنە مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار شەخس، ئىلغار كوللېكتىپلار تەقدىرلىنىدۇ.

مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى، شىنخۇا تورى يىغىننى نەق مەيداندىن بىۋاسىتە تارقىتىدۇ، خەلق تورى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تورى، جۇڭگو تورى قاتارلىق مەركەزدىكى نۇقتىلىق ئاخبارات تور بېكەتلىرى ۋە خەلق گېزىتى ئابونىچىلار تېرمىنالى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئابونىچىلار تېرمىنالى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات ئابونىچىلار تېرمىنالى قاتارلىق يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرى ماس قەدەمدە ئۇلاپ تارقىتىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە تارىخىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، پارتىيە تارىخىغا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش، پارتىيە تارىخىنى تەتبىقلاشقا ماھىر بولۇشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيەۋى تونۇش ۋە سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەتئىي تۈردە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ نىشان ـ تەلىپى، ئۆگىنىش مەزمۇنى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش تەربىيەسىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈشى، ئەمەلىي ئىش قىلىشى، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تارىخىي سەھىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ياخشى پۈتۈش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلىتىشنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن تۇتاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى تىرىشىپ ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. نىشان ـ ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىلىرى، بولۇپمۇ شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىيلىكى، ھەققانىيلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، ئىگىلەش؛ تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمغا بولغان ئېتىقاد، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمغا بولغان ئەقىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان ئىشەنچنى چىڭىتىپ، يادروغا سادىق بولۇش، يادرونى قوغداش، يادروغا توغرىلىنىش سىياسىي ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش؛ تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەگە بولغان سادىق قەلب، خەلققە بولغان ساپ قەلبنى مەڭگۈ ساقلاش، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى مەڭگۈ ساقلاش؛ تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، چوڭ ۋەزىيەت، چوڭ يۈزلىنىشنى ئىگىلەش، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش، ئەمەلىي خىزمەتنى ئالغا سىلجىتىش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردە چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلاش كېرەك. ئۆگىنىش مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق كۈرەش قىلىش شانلىق مۇساپىسىنى ئەستە چوڭقۇر، چىڭ ساقلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى چوڭقۇر تونۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشماي خەلقنى كۆزلەشتەك ئەسلىي مەقسىتى، ئاساسىي مەقسىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ شەكىللەندۈرگەن مۇھىم، زور نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى سىستېمىلىق ئىگىلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش قىلىش داۋامىدا ياراتقان ئۇلۇغ روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالغا سىلجىتىشتىكى قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى ئۈزلۈكسىز مۇجەسسەملەش كېرەك. خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشى، كىتاب ئوقۇش كۇرسى ۋە «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس»، باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى قاتارلىق شەكىللەردىن ياخشى پايدىلىنىپ مەخسۇس تېمىلىق ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى چۆرىدەپ تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش، شەرھلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى توغرا بولغان پارتىيە تارىخى قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەلەشنى ياخشى تەشكىللەپ، «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، كەسكىن، ئەستايىدىل، شەكلى كۆپ خىل مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىشى، پۇختىلىشى كېرەك، ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئۆزى پىلانلىشى، ئۆزى تەتقىق قىلىشى، ئۆزى تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى رەھبەرلىك، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك، ھەرقايسى ئالاقىدار فۇنكسىيەلىك تارماقلار ۋە ئورۇنلار زىچ ماسلىشىشى، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشى كېرەك؛ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆگىنىشتىن تەپەككۇر ھاسىل قىلىش، ئۆگىنىشتىن چۈشەنچە ھاسىل قىلىش، ئۆگىنىشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى پۇختا تۇتۇپ، قاتتىق، پۇختا بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ ھەل قىلىپ، بېسىمنى سىجىل يەتكۈزۈپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. تۈرگە ئايرىپ ئالغا سىلجىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوخشاش بولمىغان قاتلام، ئوخشاش بولمىغان ساھە، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتقا قارىتا ئىلمىي، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋەزىپە ـ تەدبىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. توغرا يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى توغرا بولغان تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، دۆلەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش كېرەك. ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرى ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تاراتقۇلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، نىشان ـ ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي تەلىپى قاتارلىقلارنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، يۇقۇمنىڭ داۋاملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيەۋى تونۇش ۋە سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش قويۇق كەيپىياتىنى زور كۈچ بىلەن يارىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىدىغان كۆتۈرەڭگۈ روھقا ئايلاندۇرۇپ، تۈرلۈك ئىشلاردا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار؛ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك، ناھىيە، شەھەر، رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى 5 ـ نۆۋەتلىك 4 ـ ئومۇمىي(كېڭەيتىلگەن) يىغىن ئاچتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى يۈەن لىي خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك 4 ـ ئومۇمىي(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2021 ـ يىلى «14 ـ بەش يىل» باشلانغان يىل، شۇنداقلا پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىدىيە ئامبىرى» ۋە «ئاقىللار ئۆمىكى»لىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، بىلىمنى شىنجاڭنىڭ بىپايان تۇپرىقىدا ئىشلىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈش، قەلبنى مۇجەسسەملەش، روھنى تاۋلاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلىتىشتە ياخشى «باشلامچى» بولۇشى؛ ئىلىمدە يېڭىلىق يارىتىشقا، سىستېما قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ جاۋاب بېرىشتە ياخشى «باشلامچى» بولۇشى؛ تەشۋىق قىلىش، لېكسىيە سۆزلەش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ماركسىزمنى ئاممىبابلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى «ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئائىلىلىرىگە سىڭدۈرۈش»تە ياخشى «تەشۋىقاتچى» بولۇشى؛ كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش تەشۋىقات ـ تەربىيەسىدە ياخشى «بايان قىلغۇچى» بولۇشى؛ سىياسىيدا چېنىقىش، ئەمەلىيەتتە چېنىقىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە ياخشى «ئاساسىي قوشۇن» بولۇشى كېرەك.